يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# تۆرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرەيلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇشى كېرەك؛ ئورۇننى توغرا تېپىپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، يوشۇرۇن كۈچنى قويۇپ بېرىپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە تېزدىن سىڭىشىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشى كېرەك.

مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، ئاساسنى تۇتۇپ باشقا ئىشلارغا يول ئېچىش كېرەك، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە تېخىمۇ شۇنداق. بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان تۆرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن ۋەزىيەت خىزمىتىگە تۆرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى زىچ چۆرىدەپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا قەتئىي تەۋرەنمەي تۆرتكە بولۇشىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۆرتكە بولۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، خاس ئەۋزەل كەسىپلەرنى زورايتىشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۆرتكە بولۇش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ بەشىنچىدىن، ئىچكى ـ تاشقى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېچىۋېتىش ۋە چېگرا بويىدىكى رايونلارنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك؛ ئالتىنچىدىن، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئالغا سىلجىتىشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ يەتتىنچىدىن، ئادەم يادرو قىلىنغان يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتى ۋە شەھەر، يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ سەككىزىنچىدىن، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنى سىجىل ياخشىلاش كېرەك؛ توققۇزىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەخت ـ سائادەتنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك؛ ئونىنچىدىن، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، بىڭتۇەننىڭ ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

تىرىشىپ ئىشلىگەنلەر دائىم غەلىبە قازىنىدۇ، ھارماي ـ تالماي ئىلگىرىلىگەنلەر ھامان نىشانغا يېتىدۇ. ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈلۈپ بولدى، بۇرچ كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندىمەكتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، تۆرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەر ۋە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلەلەرنى كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك كونكرېت ھەرىكەت لايىھەسىگە ئايلاندۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل ياخشىلاشقا تۆرتكە بولىدىغان كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2 مىليون 940 مىڭ ئادەم قېتىمغا، 2019 ـ يىلى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 4 مىليون 30 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 37% ئېشىپ، بىۋاستە ساياھەت كىرىمى 1 مىليارد 490 مىليون يۈەن بولدى.

نارات ساياھەت ئىستراھەت رايونى پۈتۈن رايون ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چۆرىدەپ، تىپىنى ئۆزگەرتىش، سۈپىتىنى ئاشۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ئەنئەنىۋى ساياھەت تۈرىدىكى مەنزىرە رايونىنى زامانىۋى ساياھەت ئىستراھەت تىپىدىكى مەنزىرە رايونىغا ئۆزگەرتىشكە تۆرتكە بولۇپ، مايتاغ ـ كۈچا تاشيول مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلۇشى، ئەقلىي مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشى، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئاممىۋى ھاجەتخانا قۇرۇلۇشى، ئاتلىق ئەترەت مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ساياھەتچىلەر ئارام ئېلىش رايونى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى تاماملىدى.

ئىگىلىنىشچە، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەت ئىستراھەت رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى «14 ـ بەش يىل» مەزگىلدىكى مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىللاشقان دەم ئېلىش، ئىستىراھەت ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان بىر تۈركۈم يۇقىرى سۈپەتلىك ساياھەت ئىستراھەت رايونى قۇرۇپ چىقىدىكەن.

دۆلەت دەرىجىلىك ساياھەت ئىستراھەت رايونى ساياھەت كەسپىدىكى دۆلەت 5A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونىدىن كېيىنكى يەنە بىر ئالتۇن خەتلىك ماركا بولۇپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىش، سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. 2015 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دۆلەت دەرىجىلىك ساياھەت ئىستراھەت رايونىدىن 30ى باھالاپ چىقىلدى، بۇ يىلقى 15نى قوشقاندا، نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك ساياھەت ئىستراھەت رايونىدىن جەمئىي 45ى بار بولدى.

---

# تۇرالغۇ، شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا جاسارەت بىلەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

## ـــ ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر لى لىنيۇنى زىيارەت

نوپۇزلۇق سۆھبەت

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋ

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇرالغۇ، شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا قانداق نەتىجە ـ ئۈنۈملەر قولغا كەلتۈرۈلدى؟ «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇرالغۇ، شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى قانداق يارىتىلىدۇ؟ تۇرالغۇ، شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈشتە قانداق قىلغاندا دەل جايىدا كۈچەپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ؟ يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر لى لىنيۇ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىزنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

### «13 ـ بەش يىل»دا ئۆيسىزلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇش تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلدى

««13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇرالغۇ، شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى سىستېمىسى خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تۇرالغۇ، شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇشتا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئوڭۇشلۇق تاماملاش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى» دېدى لى لىنيۇ.

لى لىنيۇ مۇنداق تونۇشتۇردى: «13 ـ بەش يىل»مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆيسىزلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇش نىشانى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، شەھەر ـ بازار كاپالەتلىك ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىدىن 1 مىليون 293 مىڭ 600 يۈرۈش سېلىندى، شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ قۇرۇلۇش كۆلىمى 40 كۋادرات مېترغا، تۇرالغۇ كاپالەت نىسبىتى 38%كە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن 13 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى، يېزىلاردا جەمئىي 1 مىليون 169 مىڭ 800 ئائىلىلىك ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيدە ئولتۇرۇش تارىخىغا مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن خاتىمە بېرىلدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئادەم يادرو قىلىنغان يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى. شەھەر تۇرمۇش ئەخلىتىنى تۈرگە ئايرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ، قارا، سېسىق سۇنى تۈزەش ۋەزىپىسى تولۇق تاماملاندى؛ شەھەر يىرىك پىلانى قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش سەۋىيەسى سىجىل ئۆستۈرۈلدى، شەھەرنى يېڭىلاش ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئالغا سىلجىتىلدى، شەھەر ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، فۇنكسىيەسىنى تولۇقلاش زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، شەھەر باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، ئىنچىكىلەشتۈرۈش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى؛ گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى تېز ئالغا سىلجىتىلىپ، يېزىلاردىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى يىغىۋېلىش، توشۇش، بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى ئورنىتىلىپ، تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىپ ئاھالىلەرنىڭ ئىسسىنىش ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى پائال ئالغا سىلجىتىلىپ، 604 مىڭ 900 ئائىلىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى تاماملاندى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان تىرەكلىك رولى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا قۇرۇلۇش كەسپى ئورۇندىغان ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى جەمئىي 1 تىرىليون 278 مىليارد 520 مىليون يۈەن بولۇپ، «12 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكىنىڭ 1.35 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا قوبۇل قىلىش رولىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى تېخنىكا ئىش تۈرلىرىدە ئۈچ يىلدا 200 مىڭ ئادەمنى ماھارەت بويىچە تەربىيەلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەرىكىتى باشلاندى.

تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى ئىسلاھاتىدا يېڭى بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلدى. «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ساھەلەرنىڭ بازار ئىجازەتنى تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇلۇپ، بازار تەرتىپى سىجىل قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئىش داۋامىدا ۋە ئىشتىن كېيىن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىپ، ساھەلەرنىڭ تىجارەت ـ سودا مۇھىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۈنۈمى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى.

### «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يۇقىرى سەۋىيەدە تۈزۈپ چىقىلدى

لى لىنيۇ مۇنداق تونۇشتۇردى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەممىبەھرە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ساھەلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇشنى يادرو قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، خەلقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى نىشان قىلىپ، ساھەلەرنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشنى كاپالەت قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تۇرالغۇ، شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۆرتكە بولىدۇ.

تۇرالغۇ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش جەھەتتە، تۇرالغۇ بازىرى ۋە تۇرالغۇ كاپالىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆي ـ زېمىننىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىدۇ؛ تۇرالغۇ جەھەتتىكى تۆرلۈك قوللاش سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاممىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنى ياخشىلايدۇ؛ پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق مۈلۈك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، مۈلۈك مۇلازىمىتىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، مۇلازىمەتنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، سۈپەتلىك ماركىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىدۇ؛ تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدۇ.

ئادەم يادرو قىلىنغان يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش جەھەتتە، بىخەتەر، ساغلام، ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل، باشقۇرۇشى تەرتىپلىك بولغان مۇكەممەل تۇرالغۇ مەھەللە قۇرۇشقا تۆرتكە بولۇپ، «تىك يۆنىلىشتە تېگىگىچە، توغرا يۆنىلىشتە چېتىگىچە بولۇش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىش»تىن ئىبارەت مەھەللە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىدۇ؛ ناھىيە بازىرى ھەم چېگرا بويىدىكى شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى نۇقتىلىق تولۇقلاپ، شەھەر ـ بازارلارنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى ئاممىۋى ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ؛ شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ بۇلۇت شەھەر قۇرۇپ، شەھەرنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، زەي چىقىرىۋېتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، شەھەر ـ بازارلارنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ چىقىرىش، يېقىلغۇ گاز، پار بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىدۇ ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇپ باشقۇرىدۇ.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات سۈپىتى ۋە قۇرۇلۇش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش جەھەتتە، بۇنى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق مەبلەغ سېلىش ساھەسى ۋە خەلقئارا بازارغا پائال كېڭەيتىپ، بىناكارلىق كەسپىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپ مەنبەلىك تىجارەت ئەندىزىسىگە ئۆزگىرىشىگە تۆرتكە بولىدۇ؛ بىناكارلىقتا ئېنېرگىيە تېجەش ۋە يېشىل بىناكارلىق تەرەققىياتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يېشىل قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى، پاكىز ھەم ھاسىلىي ئېنېرگىيە قوللىنىشنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىدۇ؛ شەھەر ـ بازارلاردىكى كونا مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئىمارەتلەرنىڭ ئېنېرگىيە ئۈنۈمىنى ئۆزگەرتىش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈپ، ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئىمارەتلەرنىڭ ئېنېرگىيە ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ.

يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى تېز ئالغا سىلجىتىش جەھەتتە، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى نۇقتىلىق بازارلارنى پائال يېتىلدۈرۈپ، كىچىك شەھەر ـ بازار قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ گۈزەل، ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان ئۈلگىلىك كەنت بەرپا قىلىش خىزمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىدۇ؛ يېشىل دېھقان ئۆيلىرىنى سېلىش ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، يېزىلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك كىشىلەر توپىنىڭ بىخەتەر تۇرالغۇ كاپالىتى مېخانىزمىنى ئورنىتىدۇ؛ يېزىلاردىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى يىغىۋېلىش، توشۇش، بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى قاتارلىقلارنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ، مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

### ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش يۇقىرى ئۆلچەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ

«تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ نۇقتىسى كۆپ، دائىرىسى كەڭ، لىنىيەسى ئۇزۇن، ئىشى مۇرەككەپ بولۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بىز بىرتۇتاش پىلانلاپ تەك ئېتىبار بېرىش بىلەن نۇقتىلىق بۆسۈشنى بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك» دېدى لى لىنيۇ.

قانداق قىلغاندا يۇقىرى ئۆلچەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ؟ لى لىنيۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تۇرالغۇ، شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى سىستېمىسىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ۋەزىپىلەرنى تەقسىملەپ، مەسئۇلىيەتنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش بويىچە، تۇرالغۇ، شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى تارماقلىرى ۋەزىپىنامە، ۋاقىت جەدۋىلى، يول خەرىتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۆرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا تۇتۇپ، چىڭ تۇتۇپ، نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆرتكە بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچلۇق نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، «يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش، ئادەم يادرو قىلىنغان يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، يېشىل تەرەققىياتقا تۆرتكە بولۇش» قاتارلىق نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرما، نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بىرمۇبىر كونكرېت خىزمەتكە، بىرمۇبىر كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشقا، بىرمۇبىر كونكرېت ھەرىكەتكە ئىنچىكە تەقسىملەپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پۈتۈن ۋەزىيەتكە تۆرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇرالغۇ، شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، يېڭى سەھىپە پۈتۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

«بىرتۇتاش پىلانلاپ تەك ئېتىبار بېرىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، ھەم ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سېلىپ، ھەم پۇختا بولۇپ، قىسمەنلىك بىلەن پۈتۈن ۋەزىيەتنىڭ، ھازىر بىلەن يىراق كەلگۈسىنىڭ، مۇھىم نۇقتا بىلەن مۇھىم بولمىغان نۇقتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، كۆڭلىدە ‹پىلان بولۇش›، كۆڭلىدە ‹سان بولۇش›نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.» لى لىنيۇ مۇنداق دېدى: كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما، ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق پايدىسى، سىياسەت پايدىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ رايون ئەۋزەللىكى، بايلىق ئەۋزەللىكى، مۇھىت ئەۋزەللىكى، ئېچىۋېتىش ئەۋزەللىكى، كېيىن تەرەققىي قىلىش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ۋەزىپىلەرنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشى، كونكرېت ئەمەلىيلىشىشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۆرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تۇرالغۇ، شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا جاسارەت بىلەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.